باھارگۈل ساۋۇت



# يالغۇز كېپە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

باھارگۈل ساۋۇت

# يالغۇز كېپە

( پوۋېستلار )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

孤独的茅棚/巴哈尔古丽·萨吾提著.—喀什:喀什维吾尔文出版社,2006.8
ISBN 7—5373—1544—2

Ⅰ.孤… Ⅱ.巴… Ⅲ.中篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2006)第107119号

责任编辑:阿尔祖姑丽·斯迪克
责任校对:坎拜尔姑丽·吾斯曼

孤独的茅棚
(中篇小说)

作者:巴哈尔古丽·萨吾提

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路14号　邮编:844000)
各地新华书店经销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
880×1230毫米　1/32开本　10印张　1插页
2006年8月第1版　2006年8月第1次印刷
印数:1——3080　　定价:15.00元

---

如有质量问题,请与我社联系调换　　电话:0998—2653927

本书由作者四部中篇小说编成，作品中反映爱情、夫妻、父母与子女、人生与道德等方面的许多复杂问题。

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئارزۇگۈل سىدىق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەمبەرگۈل ئوسمان

# يالغۇز كەپە

(پوۋېستلار)

ئاپتورى: باھارگۈل ساۋۇت

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1230×880مم 1/32
باسما تاۋىقى: 10 قىستۇرما ۋارىقى: 1
2006- يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2006 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 3080 —— 1

---

ISBN7 — 5373 — 1544 — 2
باھاسى: 15.00 يۈەن
سۈپەتتە مەسىلە كۆرۈلسە ئالماشتۇرۇپ بېرىلىدۇ
تېلېفون: 2653927 — 0998



## ئاپتورنىڭ تەرجىمىھالى

باھارگۈل ساۋۇت 1958-يىل 12-ئاينىڭ 28-كۈنى ئاقسۇ شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ-ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئۆز يۇرتىدا تاماملىغان. 1977-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىل-ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنغان، 1983-يىل 3-ئايدا ئوقۇشنى پۈتكۈزۈپ شىخەنزە مىللىي ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە چۈشكەن، 1995-يىلى ئۈرۈمچى ناھىيىسى ئەنەنچۈي ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كەلگەن. ھازىر دەم ئېلىشتا چىقىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ.

باھارگۈل ساۋۇت 1981-يىلى قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20-يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن چىقىرىلغان

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

توپلامغا كىرگۈزۈلگەن «چىچەك پەسلى» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قەدەم قويغان بولۇپ، ھازىرغىچە 50 پارچىگە يېقىن شېئىر، نەسر، 20 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايە، پوۋېست ئېلان قىلدۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ «ئاق يانتاق» ناملىق پوۋېستى 4-قېتىملىق تارىم ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا؛ «ئۇششۇگەن ياپراق» ھېكايىسى 6-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا؛ «يالغۇز كەپە» ناملىق پوۋېستى 13-قېتىملىق خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

# مۇندەرىجە


گىرىمسەن يوللار ........................................ 1
ئۇپۇق سىزىقى ........................................ 50
ئاق يانتاق........................................ 128
يالغۇز كەپە ........................................ 219

# گىرىمسەن يوللار



كۇتىدىغىنىم روھتىن ئايرىلغان، مەڭگۇلۇك ئۇي-قۇغا كەتكەن تەن. لېكىن، مەن ئاشۇ ئۇيقۇغا كەتكەن تەندىن ئايرىلىپ چىققان روھنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا سايىدەك ئەگىشىپ، مەن بىلەن بىللە ياشايدىغان-لىقىغا ۋە تۇرمۇشۇمنىڭ مۇھىم بىر قىسمى بولۇپ قالىدىغانلىقىغا، ھەتتا مې-نىڭ مەنۋىيىتىمدە ھۆكۇم-ران ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىغا بارا - بارا ئىشەنمەكتىمەن...

— چىقتى! — يېنىمدا ئولتۇرغان ئايال بىرىنچى بولۇپ كېسەل ھارۋىسىدا ياتقان كېسەلگە يېپىشتى.

مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىم ھارۋىدا ياتقان كىشىنى كۆ-رۇش ئەمەس ئىدى. مەڭگۇلۇك يۇمۇلغان ئۇ كۆزلەر ماڭا غەشلىك، كۆڭۇل بىئاراملىقى ئېلىپ كېلەتتى. لېكىن، ماڭا تېگىل بولغان بۇ ئازاب خۇددى مېھمان ئۇچۇن ئالدىن تەييارلانغان، يېمىسە ساھىب-

خان رەنجىيدىغان تائامغا ئوخشاش تەقدىر تەرىپىدىن ماڭا مەجبۇرىي تېڭىلغان رېئاللىق ئىدى. كېسەل هارۋىسى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئوپېراتسىيە بۆلۈمىدىن يەنە بىر هارۋا چىقتى...

— يۈرۈڭ، — دېدى باش دوختۇر، — رەسمىيەتلەرنى ئۆتۈۋې-تىلىڭ. ئوپېراتسىيە بەك ئوڭۇشلۇق بولدى.

مەن دوختۇرنىڭ نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ شۇنداق دېگىنىنى چۈشى-نەلمىدىم، لېكىن ئۇنىڭ كەينىدىن قالماي ئەگەشتىم.

قولۇمدىكى ناهايىتى كۆپ پۇل يېزىلغان چەكنى تۇتقىنىمچە، دوختۇرغا چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتىم.

— نېمىگە چەكچىيىسىز؟ — دېدى دوختۇر، — ئۇ خانىم شۇنداق تاپىلىغان، — بۇ پۇلنى سىزگە بېرىشىمىزنى ئېيتقانىدى، بەلكى بۇنىڭ سەۋەبىنى سىزمۇ چۈشىنەرسىز؟

ئەزەلدىن كېسەل دوختۇرخانىغا پۇل تۆلەيدىغان قائىدىنى بىلەت-تىم. لېكىن، دوختۇرنىڭ كېسەلگە پۇل بەرگىنىنى ئاڭلاپ باقمىغا-نىدىم. بۇ قانداق ئىش؟ دوختۇر قوشۇپ قويدى:

— ئايال ياخشى ئىش قىلدى، بىزمۇ دەسلەپتە قوشۇلمىغان، كېيىن ئۇنىڭ قارارىنى توغرا تاپتۇق.

دوختۇر «ئۇ» دېگەندە ئۆلگۈچىنى كۆزدە تۇتقانىدى. دېمەك، ئەھۋال چۈشىنىشلىك. ئىككى كېسەل ئوپېراتسىيىخانىغا بىرلا ۋاقىت-تا كىرگەن. بىرى، قايتا هاياتلىق يولىغا قەدەم قويۇپ چىقتى، يەنە بىرى، بولسا...

ئۆيدىكى باللارنىڭ يىغا - زارى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئانىدىن ئايرىلغان هەرقانداق بىر ئادەمنىڭ قايغۇسىنى، هەسرەت - نادامىتىنى تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن. ئويلىغىنىمدەك، ئەمدىلا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ، تېخى ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسى-دىن ئاتلاپ كىرمىگەن، هاياتنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلىرىنى تېتىپ كۆرمىگەن، تۇغۇلۇشى مىنۇت - سېكۇنتلا پەرق قىلىدىغان قوشكې-زەك قىز يىغلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مار-

جاندەك تۆكۈلمەكتە. ئۇلار ئاغزىدىن ئانا سۈتى پۇراپ تۇرغان، ئانا مېھرىگە، ئانا باغرىغا تەشنا بىچارىلەر ئەمەسمىدى؟ ئانىسى ئۇلارنى قاناتلىققا قاقتۇرماي، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتماي ئاسراپ، پەپىلەپ بېقىپ مۇشۇنچە قىلغان ئىدىغۇ؟ ئۆلۈش بىلەن تۇغۇلۇش كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان قانۇنىيەت بولسىمۇ، لېكىن ئانا بالىلىرىنى بۇنداق بالدۇر تاشلاپ كەتمەسلىكى كېرەك ئىدى. ئەمىسە ئانا نېمىشقا ئۆزى خالاپ تۇرۇپ، يەنە كېلىپ تەلەپ قىلىپ ئۆلۈم يولىنى تاللىدى؟

بالىلارنىڭ يىغىسىغا چىداپ بولمايتتى. بىچارىلەرنىڭ قاپاقلىرى ئىششىپ، كۆزلىرى قىزىرىپ ، ئۈنلىرىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى. ئۇلار مېنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىم بولۇپ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ، بىرى تېببىي ئىنستىتۇتقا، يەنە بىرى مالىيە ئىنستىتۇتىغا قوبۇل قىلىنغانلىق ھەققىدىكى چاقىرىق قەغىزىنى تېخى ئۈلۈشكۈنلا تاپشۇرۇپ ئالغان. شۇنىڭ شادلىقى بىلەن مەست بولغان قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ئىدى. ئانا ئۇلارنى ماڭا تاشلاپ كەتتى. بەلكىم ماڭا ئىشىنىپ شۇنداق قىلغاندۇ؟ نېمىلا بولمىسۇن، مەسئۇلىيىتىمنىڭ بەكمۇ ئېغىرلىقىنى چۈشىنەتتىم.

نېرۋىلىرى جىددىيلىشىپ كەتكەن، جۇدالىق ئازابىدىن يۈرەكلىرى لەختە - لەختە بولغان بالىلارنىڭ كەيپىياتى ئانىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىنمۇ ياخشىلانمىدى. ئۇلار چاقماق چېقىلىسىلا ئوت ئالىدىغان بىر دۆۋە قۇرۇق ئوتۇندەك ئارانلا تۇراتتى. خىزمەت مەجبۇرىيىتىم دائىرىسىدىن ئېيتقاندا، مەن ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ مەكتەپتىكى ئىشلىرىغىلا ئىگە بولسام كۇپايە ئىدى. ئائىلىسىدىكى ئىشلار مېنىڭ باشقۇرۇش دائىرەمگە كىرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئاللىبۇرۇن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى. قوشكېزەكنىڭ چوڭى پاتىمە بەكمۇ چېچەن، قىزلارغا خاس نازاكەتكە تولغان ئەخلاقلىق قىز ئىدى. كىچىكى زۆھرە ئاچىسىغا قارىغاندا تېنى سەل ئاجىزراق كۆرۈنگىنى بىلەن ئەقىل - پاراسەتتە

ئاچىسىدىن قىلىشمايتتى. ئۇلارنىڭ دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم. بىر كۈنى بىرلىكتە ئەمگەك قىلىۋېتىپ ئۇلاردىن دادىسىنى سورىۋى- دىم، ئۇلار ماڭا دادىسى ھەققىدە ھېچنېمە دەپ بەرمىدى. ئەكسىچە، زۆھرەنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. مەن سىنىپ مەسئۇ- لى بولغاندىن كېيىن بۇلارنى بىلىشكە ھەقلىق ئىدىم. لېكىن، مېنىڭ بۇ سوئالىم ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگكەن ئوخشايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن بۇنداق سوئالنى سوراپ، ئۇلارنىڭ دىل يارىسىنى قوزغاپ قويۇش- تىن قاتتىق ئېھتىيات قىلدىم. يامان يېرى، مەكتەپ بويىچە ئۆيۈش- تۈرغان ئاتا - ئانىلار يىغىنىدىمۇ بۇلارنىڭ ئۆيىدىن ھېچكىم كەلمىدى.

— ئانام كەلمەكچىدى، — دەيتتى پاتىمە، — بىراق كېسەللى ئېغىر، كېلەلمەي قالدى.

دادىڭىزچۇ؟ دېمەكچى ئىدىم، لېكىن ئۇنىڭ بىچارە تۇرقىغا كۆزۈم چۈشۈپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۇ ماڭا، مۇئەللىم، نېمە دېسىڭىز، دەڭ، بىراق دادام توغرىسىدا ئېغىز ئاچمىسىڭىز، سوئال سوراپ مېنى تەڭلىكتە قويمىسىڭىز، دەۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. بۇ قوشكېزەك ئاچا - سىڭىللار ھەر جەھەتتە ياخشى بولغاچقا، ئۇلار- نىڭ ئۆيىدىن بىرەرسىنىڭ كېلىپ يىغىنغا قاتناشمىغىنىغا سەل تې- رىككەن بولساممۇ، ئۇلارغا ئارتۇقچە گەپ قىلغۇم كەلمىدى.

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇچۇرما بولغان قارلى- غاچ باللىرىدەك قانات چىقىرىپ، ئۇچۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئوقۇغۇ- چىلىرىم بىلەن خوشلىشىۋاتقاندا، كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى. لې- كىن، ھاياتنىڭ قانۇنىيىتى شۇنداق بولىدۇ. بەزىلەر كېتىدۇ، بەزى- لەر كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىز ئۆز ئارزۇيىمىزنى، كۆڭلىمىزنى دەپ باشقىلارنى بىر ئۆمۈر ئۆز يېنىمىزدا تۇتۇپ قالالمايمىز، بولۇپمۇ بىز مۇئەللىملەر بۇنىڭغا كۆنۈك. ئازابلىنىمىز ھەم خۇشاللىنىمىز. تېخى بۇ جۇدالىقنىڭ كەينىدە ئالەمچە شادلىقمۇ بار. ئەنە شۇ تۈركۈم- تۈركۈملەپ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالغان ئوقۇغۇچىلار بىزنىڭ مەنىۋى-



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

يېتىمىزنىڭ تۈۋرۈكى، ھاياتىمىزنىڭ شادلىقى، جاپالىق ئەمگىكىمىزنىڭ مېۋىسى.

شۇنداق ھاياجانلىق تۇيغۇلارغا تولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى بىر ئايال ئىزدەپ كەلدى. قارىماققا 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئايال زامانغا لايىق چىرايلىق كىيىنگەن، بۇرۇنلىرى ئىلىپتەك تۈز، بۇلاقتەك قارا كۆزلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشقانىدى. ئايالنىڭ ئاق سېرىققا مايىل يۈزلىرى سەل سولاشقان. باللىرى ئېيتقاندەك كېسەل ئازابى ئۇنى سولاشتۇرغان بولسا كېرەك. مۇشۇ كۈنلەردە مېنى ئىزدەپ كېلىدىغان كىشىلەر كۆپ ئىدى. گەرچە مەن «قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان ئاددىي مۇئەللىم» بولساممۇ، مېنى خۇدادەك بىلىپ، مەندىن باللىرى ئۈچۈن ياردەم سوراپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. مەن بۇ ئايالنى ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغانىدىم.

— مەن ئوقۇغۇچىڭىز پاتىمە - زۆھرەنىڭ ئانىسى بولىمەن، — دېدى ئايال تىنچلىق سورىشىپ بولغاندىن كېيىن، — ئىسمىم خانساھىپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ! كۆرۈشكىنىمگە خۇشالمەن، — دېدىم مەنمۇ ئەينى ۋاقىتتا چىللاپمۇ ئەكېلەلمىگەن بۇ ئايالغا تەكەللۇپ بىلەن.

— باللارنى سىزگە تاشلاپلاۋەتتىم. بەك سەت بولدى، ئەسلىدە مەن ئۆز ۋاقتىدا...

— بولدى، ئۆتكەن ئىشلار كەتتى. باللارنى تەربىيىلەش مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ بىزنىڭ خىزمىتىمىز، مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنمىدىڭىز؟ — دېدىممەن خانساھىپنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

— شۇنداق مۇئەللىم، — دېدى خانساھىپ، — مەن بىر ئىش بىلەن كەلگەن. سىزگە ئېغىرىمنى سېلىشتىن بەكمۇ خىجىلمەن. بىراق، ئىشەنسىڭىز سىزدىن باشقا يېقىنىم يوق. مەن بۇنى پۈتۈنلەي باللارنى كۆزدە تۇتۇپ دەۋاتىمەن. بۇ يۇرتتا تىغدەك تەنھامەن. ئىككى بالام مەندىن كېيىن قالسا باشپاناھسىز قالىدۇ. شۇڭا، باللىرىمغا ئىگە بولۇپ قويۇشقا ۋەدە بەرسىڭىز.

مەن خانساھىپقا قارىدىم. ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق، ماڭا مۇشۇنداق تەلەپ قويۇۋاتقان بۇ ئايالنىڭ نېرۋىسى جايىدىمۇ، دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ئايال ماڭا جىددىيلىك بىلەن قاراپ، مېنىڭ جاۋاب بېرىشىمنى كۈتۈۋاتاتتى، «ئىگە بولۇش» سۆزىنىڭ سالمىقىنىڭ بەك ئېغىرلىقىنى بىلەتتىم. خانساھىپقا قاراپ كۈلدۈم. مەن تۇيۇقسىز قويۇلغان بۇ تەلەپكە جاۋاب بېرىشكە ئامالسىز قالغاندىم.

— بىلىمەن، — دېدى خانساھىپ ئەلەم تەپچىپ تۇرغان كۆزلىرىنى مەندىن ئەپقىچىپ تۇرۇپ، — تەلىپىم سەل چەكتىن ئېشىپ كەتتى. لېكىن، مېنىڭ باشقا ئامالىم يوق. مەن بالىلىرىمنىڭ ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانلىق توغرىسىدىكى چاقىرىق قەغىزى قوللىرىغا تەگكۈچىلىك ياشايمەن. ئۇلارنىڭ بۇ شادلىقىدىن بەھرىمەن بولغۇم، ئۇلارنىڭ ئارزۇ - تىلەكلىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇل تېشىنى تىزغان چاغدىكى خۇشاللىقىنى كۆرگۈم بار. مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ ماڭا كۇپايە. سىز ئۇلارنىڭ ئۇستازى. مەن بالىلىرىمنى ياخشى چۈشىنىمەن. ئۇلار كېيىنكى ھايات مۇساپىسىدە ئۆز ئورنىنى تاپالايدۇ. بىراق، ئۇلار يەنىلا بالا. ئۇلار ياردەمگە، مېھىر - شەپقەتكە، بولۇپمۇ بىرونىڭ ئۆزلىرىنى يېتەكلەپ، تۇرمۇشنىڭ تۈنجى قىيىن ئۆتكىلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويۇشىغا موھتاج. لېكىن، بۇ مەجبۇرىيەتنى مەن ئادا قىلالمايدىغان بولدۇم. چۈنكى، مەن ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولدۇم. سىزگە نۇرغۇن پۇل قالدۇرۇپ كېتىمەن. بۇ پۇلنى پەقەت مەن كۆز يۇمغاندىلا ئاندىن قولىڭىزغا ئالىسىز. بالىلىرىمغا ئالتە يىل ئىگىدارچىلىق قىلدىڭىز. مەن بۇ ياخشىلىقىڭىزغا جاۋاب قايتۇرالماي تۇرۇپ، يەنە سىزدىن ئېغىر بىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىڭىزگە ئېلىشىڭىزنى تەلەپ قىلىۋاتىمەن. يولسىزلىقىمنى كەچۈرۈڭ.

ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، بارغانسېرى گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتىم. گويا ئۇ ماڭا چاقچاق قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيتتى.
«ئۆلۈم، ساقايماس كېسەل، چاقىرىق قەغىزى، ئىگە بولۇش، مىـ

راس قالدىغان بىرمۇنچە پۇل...» بۇلارنىڭ ھەممىسى چۈشىنىكسىز سۆزلەر. بۇلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ لېكىن، سوئالنى ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقان، يەنە كېلىپ مەندىن ناھايىتى زور ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەن، ئۆزىنى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئانىسى دەپ ئاتاۋاتقان بۇ ئايالدىن سوراش بەكمۇ بىئەپ ئىدى. ئۇ قاچان ئۆلدۇ؟ مەن ئۇنىڭ بالىلىرىغا قانداق ئىگە بولۇشۇم كېرەك؟ ئۇ مىراس قالدۇرىدىغان پۇل زادى قانچىلىك؟ ئۇ پۇل ھازىر نەدە؟ ئەگەر بار دېيىلسە ئىككى بالىنىڭ ئوقۇش پۇتكۇزگۇچە خىراجىتىگە يېتەمدۇ؟ مۇھىمى، نېمە ئۈچۈن ئۇ پۇل خانساھىپ ئۆلگەندىن كېيىن قولغا تېگىدۇ؟

بېشىم پىرقىراپ كەتتى. شۇنداقتىمۇ ئالدىمغا ئىلتىجا بىلەن كەلگەن بۇ ئايالنى نېمىدەپ يولغا سېلىشىم كېرەك؟

— گەپلىرىڭىزنى ھېچ چۈشىنەلمىدىم. بولسا ماڭا ئېنىقراق ئېيتسىڭىز، — دېدىمەن ئۇنىڭغا.

— مۇبادا مېنىڭ ئىككى بالامنى ئۆز بالىڭىز قاتارىدا كۆرۈپ تەربىيىلىگىنىڭىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتىنى قىلسىڭىز، ماڭا ئىشەنسىڭىز، مەندىن سوئال سورىمىسىڭىز ھەممە ئاشۇ قولىڭىزغا تېگىدىغان پۇل ئۈچۈن بولسىمۇ مېنى ئوپېراتسىيە قىلىدىغان كۈنى بېشىمدا تۇرۇپ بەرسىڭىز، بولامدۇ؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، — بىلىمەن، سىزگە تۇگىمەس جاپا ۋە ئاۋارىچىلىكتىن باشقا ئىش يوق.

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — دېدىم ئازراق ئويلانغاندىن كېيىن.

— رەھمەت، — دېدى خانساھىپ، — بالىلىرىمنىڭ سىزنى ماختىغىنى بىكار ئەمەسكەن. ئوپېراتسىيە كۈنىنى بېكىتىپ بولغاندا مەن سىزگە خەۋەر قىلىمەن. ھە راست، بۇ ئىشلارنى بالىلار ھازىرچە ئۇقمىسۇن...

خانساھىپنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئىشخانامغا قايتىپ كىردىم. مەن ئۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن ماقۇل دېگەندىمەن؟ توۋا خۇدايىم، مەن نېمە

قىلىپ قويدۇم؟ نېرۋامدىن چاتاق چىقتىمۇ نېمە؟ بۇ مېنىڭ مەجبۇر-يەت تۇيغۇممۇ ياكى··· بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنىڭ بەكمۇ چوڭ بىر تەۋەككۈلچىلىككە قەدەم قويغىنىمنى چۈشىنىپ يېتىۋاتاتتىم. ئۇنىڭ تەلەپ - ئىلتىجالىرىنى تېگىرقاش ئىچىدە سەۋەبىنى ھېچ سورۇشتۇرمەيلا قوبۇل قىلغان ئىكەنمەن، ئەمدى يېنىۋېلىشىمنىڭ ئامالى يوق ئىدى. ئەگەر ۋەدەمدىن يېنىۋالسام ئوغۇل بالىچىلىق قىلغان بولمايتتىم. توۋا، ھاياتتا ئاجايىپ قىزىق ئىشلار بولىدىكەن. بۇلار ماڭا خۇددى چاقچاقتەك، خىيالىي تۇيغۇدەك بىلىنىۋاتاتتى.

دېگەندەك، ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپلا پاتىمە - زۆھرەنىڭ چاقىرىق قەغىزى پوچتا ئارقىلىق مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. خانساھىپ توغرا پەرەز قىلغانىكەن. بالىلار بىزنىڭ ۋە ئانىسىنىڭ ئىشەنچىنى يەردە قويمىغانىدى. ئۇلار چاقىرىق قەغىزىنى قولىغا ئېلىپ، خۇشلۇقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېلىشتى.

ئۈچ كۈندىن كېيىن پاتىمە بىلەن زۆھرەدىن خانساھىپ يازغان كىچىككىنە بىر باغاقچە تاپشۇرۇۋالدىم.

«ھۆرمەتلىك مەنسۇر ئەپەندى:

ياخشىمۇسىز؟ بىلىشىمچە، بالىلىرىمنىڭ شادلىقى سىزگىمۇ ئورتاق. چۈنكى، ئۇ سىزنىڭ جاپالىق مېھنىتىڭىزنىڭ مەھسۇلى. ئۆتكەنكى سۆھبىتىمىز بويىچە (سىز ماڭا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭىز) ئەتە دوختۇرخانىغا كەلسىڭىز. سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

ھۆرمەت بىلەن خانساھىپ»

چاقچاقتەك بىلىنگەن بۇ ئىش ئەمەلىيەتتە راستقا ئايلىنىش ئال-دىدا تۇراتتى. دېگەندەك ئەتىسى دوختۇرخانىغا باردىم ھەمدە ناھايىتى كۆپ پۇل سانى چۈشۈرۈلگەن چەكنى قولۇمغا ئالدىم. چەكنى بەرگەن دوختۇرمۇ ماڭا ئارتۇقچە بىرنەرسە دەپ بەرمىدى. مەن خانساھىپنىڭ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى بىر تە-

رەپ قىلىشقا قاتناشتىم. يەتتە نەزىرىسىدىن كېيىن پاتىمە ـ زۆھرەنى ئانىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە بۆلۈنگەن مەكتەپلىرىگە ئاپىرىپ تىزىمغا ئالدۇردۇم. مەن خانساھىپنىڭ ئىدارىسىگە قاتراپ يۈرۈپ، بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىردىم.

— سىز ئۇنىڭ نېمىسى؟ تۇغقىنى ئەمەسقۇ؟ خانساھىپنىڭ بۇ يۇرتتا تۇغقىنى بارلىقىنى بىلمەيدىكەنمىز، — دېدى ئۇنىڭ باشلىقى ماڭا.

مەن ئۇنىڭ ئىككى قىزىنىڭ سىنىپ مەسئۇلى، — ئۇلار ئوقۇش پۈتكۈزۈپ ئالىي مەكتەپكە كەتتى. بىراق، خانساھىپ مەندىن بالىلىرىغا ئىگە بولۇپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇنداق چېپىپ يۈرۈۋاتىمەن، — دېدىم.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى باشلىق ماڭا، — بىز باشقىچە ئويلاپتۇق، — ئۇ شۇنداق دەپلا كۈلۈپ كەتتى، — خانساھىپقۇ ئېسىل ئايال ئىدى. لېكىن، دەيمىنا ئەمدى؟ ئىنسانچىلىق ئەمەسمۇ؟

ئادەملەر ئاجايىپ بولىدىكەن. ئۇلارنى ئەيىبلەش مۇمكىنمۇ؟ ئىنسانلار ھامان بىر ـ بىرىدىن قۇسۇر تېپىشىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئەيىبىنى كولىشىپ كۆڭۈللىرىنى خوش قىلىشىدۇ، ھەتتا ئۆلگەنلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. باشلىقنىڭ گېپى ئاچچىقىمنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. مېنىڭ خالىس ياردىمىممۇ پىتنە ـ پاساتقا ساپاق بولۇپ قېلىۋاتاتتى. خانساھىپنىڭ ياردەمگە باشقا بىرىنى ئەمەس، بالىلىرىنىڭ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى سىنىپ مەسئۇلى بولغان مەندەك بىر ئادەمنى تاللىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇنىڭ ماڭا ئىشەنگەنلىكىگە ئىچىمدە خۇش بولدۇم. ئۆز بۇرچۇمنى تېخىمۇ ياخشى ئادا قىلىش نىيىتىگە كەلدىم.

قىزلار ھەر شەنبە كۈنى بىزنىڭ ئۆيگە يېنىپ كېلەتتى. يالغۇز ئۆي ئۇلارنى ئازابلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ھەممە نەرسىدە ئانىسىنىڭ سايىسى بار. بۇ ئۇلارغا تەسەللى بولالمايدۇ، ئەكسىچە ئازابلايدۇ. جۇدالىق ئازابى ئانىسى بىلەن بىللە ياشىغان ئاشۇ ئۆيدە ئۇلارنى

تېخىمۇ قىينايدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ ئۇ ئۆيگە كىرسىلا كۆڭلى بۇزۇ-
لۇپ، يۈرىكى ئېزىلىدۇ. ھايات يولىغا يېڭىلا قەدەم قويغان بۇ يېڭى
مايسىلار پەرۋىشكە، مۇھەببەتكە، مېھىر - شەپقەتكە موھتاج.

— بىچارىلەر، — دەيدۇ ئايالىم ئىچ ئاغرىتىپ، — ئەجەب -
ھە؟ ئانىسى ھېچبولمىغاندا ئۇلار ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگۈچىلىك
ياشىغان بولسىمۇ بوپتىكەن. كەلسۇن، ھەر شەنبە كۈنلىرى كەل-
سۇن. ئۆز ئۆيىدەك بەھۇزۇر تۇرسۇن.

قىزلار چاققان ھەم ئىشچان بولغاچقا، ئايالىمغا ئىش ئاشمايتتى.
ئۆيلەرنى چىنىدەك پاكىز تازىلايتتى. ئۇلارغا قاراپ مەستلىكىم كې-
لەتتى. تۇرۇپ ئىچىم ئاغرىيتتى. ئۇلارنىڭ قورۇنىدىغانلىقى، تارتى-
نىدىغانلىقى، ھەرقانچە قىلسىمۇ ئۆز ئۆيىدەك بولمايدىغانلىقى ئېنىق
ئىدى. ئۇلار خالىغانچە كۈلەلمەيدۇ، خالىغانچە يىغلىيالمايدۇ. ئۇلار
قانتى بوغۇچلانغان قۇش، قانداق قىلىمىز؟ تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە
بويسۇنماي ئامال يوق.

مەن خانساھىپ ھەققىدە دائىم ئويلايتتىم. ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا
مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا بۆسۈپ كىرىشى مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى،
بۇ بالىلارنىڭ دادىسى كىم؟ ئۇ ھاياتمۇ؟ ئەگەر ھايات بولسا ئۇ ھازىر
نەدە؟ بۇ بالىلارنى نېمە ئۈچۈن مېنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشىمغا
تاشلاپ قويىدۇ؟ بۇ سوئاللار مېنى قىينايتتى. بۇنى بىلىشىم زۆرۈر
ئىدى. لېكىن، بالىلاردىن بۇنى سورىغان بولساممۇ جاۋاب ئالالمىغا-
نىدىم. ئەڭ مۇھىمى، قولۇمدىكى بالىلارنىڭ نامىغا ئاتاپ بانكىغا
قويغان ناھايىتى كۆپ پۇلنىڭ چېكى ئىدى. خانساھىپ دوختۇرخانا
ئوپېراتسىيىخانىسىغا تىرىك كىرىپ كېتىپ ئۆلۈك چىقتى.

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېگەنىدى ئۇ، — ماڭا بەرگەن
ۋەدىڭىز بويىچە ئىش قىلسىڭىزلا مەن سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىز ئۈچۈن
رازى بولىمەن. ئۈمىدىم، مەندىن ھېچ نەرسە سورىماڭ. دوختۇردىن-
مۇ ئارتۇقچە گەپ سورىماڭ، بولامدۇ؟

بۇ سۆز قۇلىقىم تۈۋىدە دائىم دېگۈدەك جاراڭلايتتى. ئۇنىڭ



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com